# . يول چىقمىغان مۇھەببەت

http://xerzat.blogbus.com/

- مەن ئوقۇش پۈتتۈرگەندىن كېيىن ، ئوقۇتقۇچى تولۇقلاش ئىمتاھانىغا قاتنىشىپ لاياقەتلىك بولۇپ ، خىزمەت تەقسىماتى كۈتتۈم .

ئارىدىن ئۇزاق ئۆتمەي خىزمەت ئورنۇمنىڭ خەۋىرى كەلدى ، ئەمما مەن ۋە ئائىلەمدىكىلەر قىلچىمۇ خۇشال بولمىدى ، چۈنكى مېنىڭ خىزمەت ئورنۇم يىراق جەنۇبى شىنجاڭدىكى مەلۇم بىر يېزىدىكەن ، بولغاندىمۇ زەرەپشان دەرياسىنىڭ غەربى جەنۇپ ۋادىسىدىكى تاغلىقتا جايلاشقان بىر ئوتتۇرا مەكتەپ ئىكەن .

- < زادى بېرىش كېرەكمۇ ، ياكى بارماسلىق كېرەكمۇ > > ... مانا بۇ مەن ئۈچۈن ۋە ئائىلەمدىكىلەر ئۈچۈن قويۇلغان چوڭ بىر سوئال ئىدى .

مەن شۇ ئارىدا كۆپ ئويلاندىم ، ئەگەر بارسام ئۇ تەرەپتە تۇرمۇش قىيىنچىلىقى تارتىدىغىنىم راس ، لېكىن بۇنى دەپ بارمىسام ئاتا - ئانامنىڭ ماڭا سىڭدۈرگەن ئەجرى ۋە جاپا تارتىپ ئوقۇتقىنىغا لايىق جاۋاپ قايتۇرالمايدىغىنىممۇ تۇرغان گەپ .

بەلكىم << پۇلى بارنىڭ گېپى ئوڭ ، پۇلى يوقنىڭ گېپى توق >> دىگەن گەپ راس بولسا كېرەك ، ئاتا - ئانام ۋە مەن نەچچە رەت يەرلىك ئىدارە ئورۇنغا ئىلتىماس يازغان بولساقمۇ ، لېكىن ھېچ پايدىسى بولمىدى .

ھېچ بولمىغاندا ئۆز تەۋەلىكىمىزدىكى يىراقراق مەكتەپلەرگە بەرگەن بولسىمۇ ھەر

http://xerzat.blogbus.com/

هالدا ئاشۇ يىراق جايدىن قولايلىق بولاتتى .
مەنمۇ ھېچ ئامالسىزلىقتىن ئىش تەخسىماتىنى قوبۇل قىلدىم ، ئۇنى دىسە باشقا ساۋاقداشلىرىممۇ مەن بىلەن ئوخشاشكەن ، لىكىن مەن يىراقراق يەرگە بۆلنىپتىمەن .
تەقدىر - پىشانەم شۇ بولسا كىرەك ، ئىشقىلىپ كىچىكىمدىن تارتىپلا تەلىيىم يوق .
گەرچە شۇنداق تىرىشچان بولسامۇ ئەمما تاكى ئالىي مەكتەپنى پۈتتۈرگىچە ساۋاقداشلىرىمغا يول قويۇپلا كەلگەن ئىدىم ، چۈنكى مىنىڭ ھېچ بىرسىنىڭ كۆڭلىگە ئازار بەرگۈم كەلمەيتتى .
ئاخىرى بولماي ئاتا - ئانامغا كۆزۈم قىيمىغان ھالدا ئىش ئورنۇمغا يۈرۈپ كەتتىم ، ئۆيۈم بىلەن ئىش ئورنۇمنىڭ ئارلىقى بەكلا يىراق بولغاچقا كۆڭلۈم شۇنداق سۇلغۇن ، ئەمما مەلۇم جەھەتتىن ئازراق ئۈمۈد بار ئىدى يەنى مەن بىر قانچە يىل ئىشلىسەم << يۆتكىلىش ئىمتاھانى >> بىرىپ يۆتكىلىشكە ئامال بولارمىكىن دەپ ئويلىغان ئىدىم .
شۇنداق قىلىپ خىزمەت ئورنۇمغا يول ئالدىم ، ئاتا - ئانام ئاق يول تىلەپ ئۇزۇتۇپ قويدى ، يوللاپ شۇنچە ئۇزاق بىلىنىپ كەتتى ، نەچچە ئۇخلاپ ئويغانسامۇ يەنىلا شۇ ئىككى تەرىپىدە ئاندا ساندا سۇۋادان تىرەكلەر قەد كۆتۈرگەن ، گاھى يۇلغۇن ، گاھى توغراقلار ئىلىشقان يول بويىنى كۆرىمەن .
بىر كىچە - كۈندۈزدىن ئارتۇقراق يول يۈرۈپ ئاخىرى ناھىيە بازىرىغا يىتىپ باردىم ئۇ يەردە بىرەر يىرىم كۈن تۇرۇشقىمۇ ئۆلگۈرمەي مۇناسىۋەتلىك ئورۇنلار بىلەن ئالاقىلىشىپ بارىدىغان يىزا مەكتىپكە يول ئالدىم .
شوپۇرنىڭ دىيىشىچە ئۇ يىزىغا ئىككى سائەتتىن ئارتۇقراق ماڭساق چىقىدىكەنمىز ، يوللىرىنىڭ ئىگىز پەس ، ئەگىر توقايلىقى ئادەمنى گويا رومانتىك تۇيغۇغا باشلايتتى .
http://xerzat.blogbus.com/

بىردەم تاغ باغرىدا ، بىردەم دەريا قىنىدا ، بىردەم سايلىقتا .... كىتىۋاتقان ماشىنا بەزى - بەزىدە سىلكىنىپ قويۇپ مېڭىۋەردى .

ئالا - ھەزەل ئىككى سائەتتىن ئارتۇقراق يۈرۈپ كۆزلىگەن نىشانغا يىتىپ باردۇق ، ماشىنىدىن چۈشۈپلا ھەيران قالدىم .

ئۇ يەر خۇددى بىر بۇرۇنقى زامانلاردىكى ياۋايى كىشلەر ياشايدىغان تاغ باغرىغا ئوخشاپ كىتىدىكەن .

-كىچىككىنە تۆزلەڭلىككە جايلاشقان يېزىلىق ئوتتۇرا مەكتەپ ، باشلانغۇچ ، پەن - تېخنىكا مەكتەپ ، ج خ تارماق ساقچىخانىسى ، يېزىلىق خەلق شىپاخانا ، يېزىلىق خەلق ھۆكۈمتى .... تاغ ئۈستىگە چىقىپ قارىسا ،خۇددى بىرگە ئەكىلىپ تىزىپ قويغاندەكلا كۆرىنەتتى .

يەنە تېخى بىر قانچە ماگزىن ، ئاشخانا .... قاتارلىق ئاممىۋى دۇكان سارايلار ۋە كىچىككىنە نەچچە ئون كىشلىك يايما بازىرى بار ئىدى .

مەكتەپنىڭ ئوقۇتۇش ئىشلىرى ۋە ئاممىۋى ئەسلىھەلىرى خىلى يۈرۈشلەشكەن بولسىمۇ ، بارغان تۇنجى كۈنى باش كۆزۈمنى يۇيۇۋالاي دەپ مەكتەپ سۇ خانىسىدىن سۇ ئېلىپ چىقىپ مەيداندا يۇيۇۋاتسام ، قايسى بىر خىزمەتچى ماڭا سۇنى تېجىشىمنى ، ئىسراپ قىلماسلىقىمنى جىكىلىدى . ئەسلىدە بۇ يەردە خىزمەتچىلەر سۇنى پۇلغا ئېلىپ ئىشلىتىدىكەن ، ئادەتتە پۇخرالىرى دەريادىن سۇ ئەپ كىلىپ تىندۇرۇپ ئىستىمال قىلىدىكەن ، ناھىيە بازىرىدىن نەچچە يۈز مىتىر ئېگىزلىككە جايلاشقان بۇ زىمىننىڭ يەر ئاستى سۈيىنىڭ ئورنى بەك چوڭقۇر بولغاچقا تۇربا ئوموملاشمىغان بولۇپ ، سۇ قىسلىقىنى كەلتۈرۈپ چىقارغان ئىكەن .

مەن شۇ ۋاقىتتىلا ئىش ئورنۇمنىڭ مەن ئويلىغاندىنمۇ بەكراق ناچار شارائىتتا ئىكەنلىكىنى ھىس قىلدىم ، ھەم ئامال بار ئۇ شارائىتقا كۆنۈشكە بەل باغلىدىم .

مانا ھەش - پەش دىگۈچە نەچچە ئاي ئۆتۈپ كەتتى ، مەنمۇ خىلى ئۆزلىشىپ

http://xerzat.blogbus.com/

قالدىم .

خىزمەتداشلىرىم ئىچىدە مىنىڭ يۇرتۇم ئەڭ يىراق بولغاچقا ، بەزى ئىشلاردا ماڭا يول قويىشاتتى ، ئۇلار دائىم مىنى گەپكە سېلىشىپ << چاق - چاق ماكانىدىن كەلگەن خېنىم ، سىز نىمانچە سولاش ، ھېسام ئاكىنىڭ كۆلكىلىرى سىزگە يۇقماپتۇ دە ؟ >> دىگەندەك گەپلەرنى قىلىپ ماڭا گەپ ئاتاتتى .

كۈنلەر شۇ تەرىقدە ئۆتتى ، بىر كۈنى تۇيۇقسىز دەرىس ۋاختىدا بېشىم قېيىپ ، ماغدۇرسىزلىنىپ كەتتىم ، ئوقۇغۇچىلارغا تەكرار قىلىشنى تاپشۇرۇپ ، ئېغىر قەدەملىرىم بىلەن پەلەمپەيدىن چۈشۈپ ياتاق ئۆيگە ماڭدىم ، مەيدانىنىڭ ئوتتۇرىدا كىتىپ بېرىپلا ئۆزۈممۇ بىلمەستىن توپ گارىنىڭ پۇتىغا يۆلىنىپ ئولتۇرۇپ قاپتىمەن .

ئۇ چاغ كۆزۈم ئوچۇق بولغىنى بىلەن ھىچ بىر كاللام ئىشلىمەستىن ، ئۆزۈمنى تاشلىغانچە ئولتۇرۇپ قاپتىمەن ، كىيىن يىراقتىراق تەنتەربىيە دەرسى بىرىۋاتقان ئوقۇتقۇچى يەنى مىنىڭ ساپ مۇھاببىتىمگە ئېرىشەلمىگەن ، قاتتىق نادامەتتە قالغان سۆيۈملۈك يىگىتىم ھەم ماڭا ئەينى ۋاقىتتا << سۇنى تىجەڭ ، بۇ يەردە سۇ قىس >>..... دەپ جىكىلىگەن مۇئەللىمنىڭ يۆلەشتۇرۇپ ياتاق ئۆيۈمگە ئەكىرىپ قويغىنىنى ئىسىمگە ئالالىدىم ، ئۇ مىنىڭ پىشانەمنى تۇتۇپ << نىمانچە قىززىپ كەتتىڭىز >> ؟ دوختۇرخانىغا ئېلىپ چىقاي ، دەپ ئېيىپ ماڭدى ، مەن يا ھەئە ، يا ياق دىيىشمنى بىلەلمەي ئۇنىڭغا يۆلىنىپ چىقىپتىمەن ، ئۇ كۈنى كەچكىچە دوختۇرخانىدا يېتىپتىمەن ، ئۇمۇ قېشىمدا ئىككى سائەتتەك تۇرۇپتۇ ..

ئەتىسى چۈشتە مەكتەپ مۇدىرىمىز ، يىغىن ئېچىپ ئۇنى شۇنداق ئەيىپلەپ كەتتى :

- << بەللى ، خانىم ئاغرىپ قالسا ھەمرا بولۇپ يېنىدا تۇردىڭىزما ؟ دەرىس تاشلاڭ بىر ، خالىغانچە سىرتتا چىقىڭ بىر ، ھەمرا بولۇڭ بىر ... بۇ مەكتەپتە تۈزۈم بارمۇ

http://xorzat.blogus.com/

يوق >>.؟

ئۇمۇ جىم ئولتۇرماي جاۋابەن سۆزلىمەسمۇ ، ئۇ ئىككەيلەننىڭ قارشى گەپلىرى ئارقا - ئارقىدىن چىقاتتى .

- << ئەجىبا خىزمەتداشلار ئاغرىپ قالسا ، ئۇنىڭ دەردىگە يەتسەك بولمامدىكەن ؟ دەرس تاشلىغىنىم يوق ، باللارنى مەشققە سەپ قويۇپ چىقتىم شۇ >>...

- << چىقىپ بولۇپ بىر ئىغىز ، خەۋەرلەندۇرۇپ قويۇشنى بىلمىدىڭىزما ؟ سىز تۇنۇگۇن كەلگەن ئادەم ئەمەس بۇ يەرگە ، بىشنى باغلىمىغان كالىدەك ھەر تەرەپكە چىقىپ كىتىدىغان ، ئوھۇش نىمە قىلىق بۇ ئەمدى >> ؟ ..

- << چىقىپ كىتىپ ئەنجانغا كەتمىگەندىمەن ؟ كىينىكى سائەتتە دەرسىم يوقتى ، شۇڭا بىردەم ھەمرا بولدۇم ، كالا دىگەن ئادەمگە كۆيىنىشنى بىلمەيدۇ ، مەن كالىغا قارغاندا سەل ئادىمگەرچىلىكنى ئۇگەنگەن >>...

ئۇنىڭ بۇ گىپى مەكتەپ مۇدىرىمىزغا بەك تىگىپ كەتتى بولغاي ، ئۇ ئورنىدىن چاچراپ تۇرۇپ ، ئالدىدىكى ماترىيالنى ئۇستەلگە پوكىدە تاشلاپ ۋاقىراپ كەتتى .

- << ھە ، سىزنىڭ ئادىمگەرچىلىكىڭىز بار ، مىنىڭ يوق ، مەن دىگەن بىر قارانچۇق شۇنداما ؟ دەرياغا سۇغۇ چۇشكىلى كىتىپ ، سۇ ئىقتىپ كەتكەن چىغى دەپتىمەن ... ئۇنداق ئۇزۇن يوقاپ كەتكەندىكىن >>....

مەكتەپ مۇدىرىنىڭ بۇ گىپى ماڭىمۇ تەگدى ، گىپىنىڭ ئايىغى چىقماستىلا مەن سۆزلەپ كەتتىم :

-- << سۇغا چۇشش سىلىدىن ئايالانسۇن شوجاڭ ، دەريا نەدە ؟ ئۆستەڭ نەدە ؟ بىلمەيمەن تىخى ، >>...

بەلكىم بىز ئايال كىشىنىڭ سەل ئىچى تارراق بولساق كىرەك ، بىزنىڭ مەكتەپ مۇدىرىمىز ئايال بولغاچقىمۇ بەزىدە كىچىك ئىشلارنىمۇ زىغىرلاپ كىتەتتى .

http://xerzat.blogspot.com/

مىنىڭ گېپىم بىلەن ئۇ تېخىمۇ ئەزۋەيلەپ كەتتى :

- << ھە خېنىم ، كەگىلى تۆت كۈن بولا بومماي ، ياراتمىغىدەك بولدۇقما بىزلەرنى ؟ مەلىملەرنى ئازدۇرۇپ نەمۇ نە چۆگىلتى يۈرۈپ ، مەكتەپتىن چەتنەپ كەتمەيلى يەنا >>...

- << ئۇندامۇ دەپ كەتمىسلە شوجاڭ ، چۈشىنىمۇ پوققا قونىدۇ ، كىپىنەك گۈلگە ... ھەر نەرسىنىڭ ئۆز خىلى بولىدۇ ، قونغىلى نەرسە چىقمىسا ئۇ تاشلاندۇق نەرسە بوپ قالىدۇ ، چۆگىلەتكىلى ئادەم چىقمىسا ئۇ چوقۇم قورۇلۇپ قالغان پىتەككە ئوخشايدۇ >>...

مەن ئېغىزىمنى ئېچىپ بولغۇچە ، مەن ئۈچۈن دىيىلگەن بۇ سۆز مەكتەپ مۇدىرىمىزنىڭ يۈرىكىگە سانجىلدىمۇ ، بىردە ئاچچىقلىنىۋىتىپلا < ۋاي يۈرىگىم ، خەپ توختاش ..... كۆزگە ئىلمىغىنىڭغا ... دەپلا ھۇشىدىن كەتتى..

ۋاي خۇدايىم ، بۇ خوتۇن بىر نىمە بولمىغاندۇ ھە ؟ - مەن ئىچىمدە ئۇنىڭ ساق - سالامەتلىكىنى تىلەپ ، يېنىغا باردىم ، ئۇنىڭغىچە باشقا خىزمەتداشلار مەكتەپ مۇدىرىمىزنى يۆلەشتۈرۈپ دوختۇرتخانىغا ئېلىپ چىقىپ كەتتى .

كەچ تەرەپتە مەن بىر قانچە خىزمەتداشلىرىم بىلەن يوقلىغىلى چىقىپ كىتىپ بارسام مەكتەپ دەرۋازىسى يېنىدىكى گاڭ ئۆيىنىڭ ئىشىكى تۇيۇقسىز ئېچىلىپلا ، بىر قول مىنى تارتىپ ماڭدى .

مەن كىملىكىنى كۆرۈشكە ئۈلگۈرمەستىنلا ئۇ مىنى چەتكىرەك تارتىپ ئاچچىقلاپلا كەتتى :

- << مەن سىزنى دەپ بىر مۇنچە تىل دەشنەم ئىشتىپ ، سەتلەشكەن تۇسام ، سىز يوقلاپ چىقىپ ، مىنى تەخىمۇ سەتلەشتۈرەي دەمسىز >> ؟

ئۇنىڭغىچە مىنى ساقلاپ تۇرغان ئىككى خىزمەتدىشىمغا باش ئىشارىسى قىلىپ قويۇپ كىتىۋىرىشنى بىلدۈرگەندىن كىيىن ، مەن ئۇنىڭ بىلەن پاراڭلاشتىم :

http://xerzat.blogbus.com/

- << قانداق قىلىمەن ئەمسە ، ئۇ ھامان باشلىق تۇرسا ، ئەھۋالنى ئۇقۇپ باقاي دىدىم شۇ >>....

- << باشلىق بوغان نوچىمىكەن ؟ سىز ئاغرىپ قاغاندا بىر ئېغىز ھال سوراپ قويمىغاندۇ ، ئەكسىچە تىگى با گەپلەرنى قىلىپ ، سىزنى چۆشەدى شۇ ، يامىنى كەسە يۆتكىۋاتا شۇ >>....

- << نەگە يۆتكەيدۇ ؟>>

- << نەگە يۆتكەيتتى ، بۇ يېزىدىن 10 نەچچە كىلومىتىر نېرىدا ، بىر شۆبە مەكتەپ بار شۇ ....>>...

- << كەچۈرۈڭ ، سىزگە ئاۋارىچىلىق تېپ بەدىم ، ئەمدى نىمە بوپ كىتە >>....

- << نەچچە ۋاقتتىن بىرى ئىچىمنى بوشتاماي ، كىلىۋاتقان ، ئوبدان بولدىڭ بۇگەن .... ئۇ قارا قوساق خوتۇن شۇ ئادەم ئەيپلەشنىلا بىلىدۇ >>....

بۇ گەپ ماڭا غەيرى تۇيۇلدى ، بىر مەكتەپ مۇدىرى بولغان ئايال قانداقسىگە ، قارا قوساق بىلمىسىز دىيىلىدۇ ، مەن ئاڭقىرالماي ئاغزىمنى ئۆمەللىتىپ تۇرسام ئۇ يەنە چېچىلىپ كەتتى :

- << چىقماڭ يېنىغا ، چىقسىڭىز مەن سىزدىن رەنجىپ قالىمەن ، باشقا يەرگە كىتىشكە رازىمەنكى ئۇ خوتۇنغا يالۋۇرمايمەن >>....

مەن شۇ گەپلەر بىلەن چىقمىدىم ، كىيىن راس دىگەندەكلا ئۇنىڭ خىزمەت ئورنى شۆبە مەكتەپكە يۆتكەلدى ، مۇدىرمۇ پات - پات مىنى چېقىۋالغاندەك گەپلەرنى قىلىپ بىر مەزگىل تىنىكىنى سانجىدى ، ئەمما ئۇ كۆڭلەرمۇ ئۇزاققا بارمىدى ، شۇ ئىشلار بولۇپ نەچچە ئايدىن كىيىن مۇدىرىمىزنىڭ يولدىشى تۆگەپ كەتتى ، پېنسىيە يېشىغا يىقىنلىشىپ قالغان مۇدىرىمىزمۇ ئەسلىدە ناھىيە ئىچىدىن چىقىدىغان بولۇپ ، ھەپتىنىڭ ئاخىردىلا ئۆيىگە كىرىپ چىقالايتتى ، دىمىسىمۇ ئاسان ئەمەستە ، ...

http://xerzat.blogbus.com/

يولدىشى تۆگەپ كەتكەندىن كېيىن ، مەكتەپكە چىقمىدى ، كېيىن رەھبەرلىك ناھيىگە يىقىنلا بىر يەرگە يۆتكەپتىكەن .

ئۇ مۇدىرنىڭ ئورنىغا باشقا بىر مۇدىر چىققان بولۇپ ، ئۇ ئەر ئىدى ، ئوتتۇز نەچچە ياشلار چامىسىدىكى ئۇ مۇدىر كۆرۈنىشكە سالاپەتلىك ۋە خۇشچىراي بولسىمۇ ئەمما ، ئىشنى كەسكىن بىرتەرەپ قىلالمايدىكەن دېگەن ئىشنى مەكتەپتە ئىجرا قىلالمايدىكەن .

ئۇ ئارلىقتا مەن ئۆچۈن ئارغا چۈشىپ يىراق جايغا پالىنىپ كەتكەن سۆيگەن يىگىتىمنى پات - پات بىرىپ يوقلاپ تۇردۇم ، بىر كۈنى ئۆز قولۇم بىلەن تاماق ئىتىپ ، خىزمەتدىشىمنىڭ موتسىكلىتىنى ئېلىپ ئۇنى يوقلاپ باردىم ، ئۇ ئىشلەيدىغان مەكتەپ بىزنىڭكىدىن خىللا يەرىقلىنەتتى ...

ياتاقلىرىمۇ ئازادە ئەمەس ، مەن ئۇنىڭغا تاماقنى تۇتقۇزۇپ ، ياتاقلىرىنى كۆرۈپ باقماقچى بولدۇم ، ئۇ شۇئان ئالدىمنى توسۇپ ، كىرگىلى قويمىدى ، مەن چوقۇم كىرمەن دىدىم دە كىرىپ ھەيران قالدىم ، بەلكىم ئۇ خىجىل بوپ قالغان چىغى ، يىغىقسىز يوتقان ، كۆرپە ، جۇغلاشقان تاماكا قالدۇقلىرى ، يەردىكى گازىر شۆپۈكلىرى ... قارماققا تازلىمىغىلى نەچچە كۈن بولغاندەك قىلاتتى .

مەن ئۇنىڭغا تاماقنى يىيىشنى تاپىلاپ قويۇپ ، ياتاق ئۆيىنى تازلاپ بەرمەكچى بولدۇم ، بىر قانچە قۇر كىيىم - كىچەكنى پاسكىنا بوپ كەتكەچكە يوتقىنىنىڭ ئۆستىگىلا تاشلاپ قويغان ئىكەن ، مەن ياتىقنى تازلاپ بولۇپ ؛ ئۇ كىيىملىرىنى يۇيۇپ بەرمەكچى بولۇپ مەكتەپ سىرتىدىكى كىچىك ئېقىن بويىغا چىقتىم ، ئۇ تامىقنى يەۋاتاتتى ، قاچانلاردا چىقتىكىن بىر چاغدا كەينىمدىن چىقىپلا گەپ قىلماسىمۇ چۆچىگەنلىكتىن قولۇمدىكى مايكا سۇغا چۈشۈپ ئېقىپ كەتتى ، مەن ئۇنىڭ سۆزىگە جاۋاپ قايتۇرمايلا :

- << ۋاي ، ئېقىپ كەتتى ، ئېلۋالايلى >> !

دىگىنىمچە ئېقىننى بويلاپ ماڭدىم ، ئۇمۇ كەينىمدىن ماڭدى ، نېرىراقتىن مايكىنى سۆزۈۋالدىم .
ئۇ ۋاقىتتا مەن پەقەت ئۇ ئىشلارنى ئۇنىڭ مىنى دەپ ئاشۇ جايغا بېرىپ قالغانلىقىغا جاۋاپ قايتۇرۇش ئۈچۈنلا قىپ بەرگەن ئىدىم ، ئەمما ئۇ باشقىچە ئويلاپ قالدىمۇ ، مايكىنى سۆزۈپ تۇرۇشۇمغا ئارقىمدىن كىلىپ مۇنداق گەپلەرنى قىلدى ، ئاندىن بىزنىڭ بەزى پاراڭلىرىمىز يەنى مۇھەببەتنىڭ تۇنجى ئىشكىگە قەدەم قويۇپ قالدۇق :
- << زۇلخۇمار ، مەن سىزنى ياخشى كۆرۈپ قالدىم ، سىزنى تۇنجى كۆرگەنده كۆزۈم چۈشكەن ئىدى >....
- << نىمە دەۋاتىسىز ؟ مەن سىزگە جاۋاپ قايتۇرۇش ئۈچۈنلا ، بۇ ئىشلارنى قىلۋاتىمەن ، خاتا چۈشەنمەڭ >>..
- << ياق ، خاتا چۈشەنگىنىم يوق ، بۇ راس ، ئەملىيەتتە سىزنى ياخشى كۆرگەنلىكىم ئۈچۈنلا ، شوجاڭ بىلەن جىدەللەشكەن ئىدىم >>...
- << ئۇنى بىلىمەن ، ئەمما ..>>..
- << تولا بانا تاپماڭ ، سىزنى ئويلاۋاتقىنىمغا خىلى بولدى ، ماقۇل دەڭ بولامدۇ ؟
- بىز مۇھابىبەتلىشەيلى >>....
ئۇنىڭ بۇ گېپىنى ئاڭلاپ يۈزۈم ۋىللىدە قىززىپ كەتكەندەك بىلىندى ھەم باشقا ياققا قارىۋالدىم ، كۆيمە چىراي بوپ قالغان ئۇنىڭ چىرايى بولسا ھىچبىر خىجىلچىلىق ئىچىدە ئەمەستەك قىلاتتى .
ئۇ مىنى چىرايىغا قارىتىپ يەنە سۆزلەپ كەتتى :
- << مۇھابىبىتىڭىز بارمۇ يا ؟ گەپ قىلىڭە ؟ >>..
مەن ھىچبىر گەپ قىلالمىدىم ، بەلكىم ئۇنى ئاز تولا ياقتۇرسام كىرەك ، ئۇ ۋاقىتتا تىلىم زادىلا گەپكە كەلمىدى ، ئۇنىڭ يىگىتچىكە ئۆسكەن بۇرتى ، يانتۇ تارالغان

http://xerzat.blogbus.com/

قسقا چېچى ، سەل - پەل كۆيۈپ قاردىاپ كەتكەن چىرايى ھېلىھەم ئېسىمدە ...
مەن ئىمە دېيىشىمنى بىلەلمەي :
- << مەن ... ياق ، كىتەي >>...
دەپلا قولىدىن يۇلۇنۇپ چىقىپ كەتتىم ، موتونىك قېشىغا بېرىپ مىڭىشقا تەمشەلگىنىمدە ئۇ موتونىك ئالدىغا كىلىپلا تۇرۋالدى ، - << جاۋاپ بەرمىسىڭىز بېسىپ ئۆتۈپ كىتىڭ ئەمسە >> ....
ئۇنىڭ بۇ گېپى خۇددى كىنو - فىلىمدىكى ئاشىق يىگىتلەرنىڭ سۆزىگىلا ئوخشاپ قالغان ئىدى ، كيىن ئۇنىڭ بۇ قىلىقىنى نەچچە رەت يۈزىگە سېلىپ قويىسام ئۇ خىجىل بوپ كىتەتتى....
-مەن ئىمە دېيىشىمنى بىلەلمەي قانداق چىكەتتى ئاغزىمدىن :
- << جاۋابىنى ئەتە بىرەي ، باشقىلار كۆرۈپ قالسا سەت تۇردۇ ، چەتكە تۇرۇڭ >>...
دەپلا موتۇنى ئەگىتىپ كىتىپ قالدىم ، ئۇ بولسا بىر خىل ئۈمۈتتە قېپ قالغان ئىدى .
ئارىدىن ئىككى - ئۈچ كۈن ئۆتۈپ ئۇ مىنى ئىزدەپ كەپتۇ ، مەن چوقۇم شۇ ئىش بىلەن كەلگەنلىكىنى بىلىپ ، ئۇنى خالىي جايغا باشلاپ چىقتىم ، ئۇ ھال تۆكۈشكە ئاران تۇرغان چېغى كايىپلا كەتتى :
- << ئەتە قاچان ، ئادەمنى ياراتمامسىز يا ؟ گەپ سۆز يوق يوقاپ كەتتىڭىزغۇ ؟ سىزنى دەپ ئاشۇ ئەبگا يەردە ئىشلەۋاتىمەن ، ماقۇل دىمىسىڭىزمۇ ھەممەيلەن بىلدۇ ھازىر .... ئىككىمىزنى شۇنداق مۇناسىۋەتتە دەپ ئويلايدۇ >>...
- << ئىمە ، كىمكەن ئۇ ھەممەيلەن ، بىز قانداق مۇناسىۋەتتىكەنمىز >>. ..؟
مەن ئاڭقىرالماي سوردىم ، ئۇ يەنە چۈشەندۇردى :
- << ئۇقمامسىز يا مىنى گەپكە سېلىۋاتامسىز ؟ ھېلقى بىلىمسىز خوتۇن بىر قىلىۋىتىپتۇ

http://xerzat.blogbus.com/

يېزىغا گەپ تولۇپ >>.....

ئۇنىڭ بۇ گېپىنى ئاڭلاپ ئۇ ئايال مۇدىرغا يەنە بىر قېتىم ئۆچلىگىم تۇتتى ...

مەن ئۇنىڭ قاتتىق تەلىپىنى رەت قىلالماي ، بىر مەزگىل ئارلىشىپ بىقىشقا قوشۇلدۇم ، ئۇ ئاردىدا ئۇ مەن بار يەرگە يەنى بۇرۇنقى ئىش ئورنىغا قايتىپ كەلدى .

بىز بىر مەزگىل شىرىن مۇھاببەت پەيزىنى سۈردۇق ، ئۇ چاغلاردا مەن ئۆزۈمنى تۇتۇۋۇلىپ ھەممە ئىشتا ئەدەپ - ئەخلاقنى ياقلاپ يۈردۈم ، ئۇمۇ ماڭا بەك ئارتۇقچە تەلەپلەرنى قويمىدى ، ئۇزاق ئۆتمەي بىزنىڭ ئىشىمىز راسقا ئايلاندى ، ھەر ئىشتا ھايانى بىرىنجى ئورۇنغا قويۇپ ئىش تۇتقان بولساقمۇ ، ئەمما باشقىلارنىڭ ئۇششاق گەپلىرىمۇ بولۇپ تۇردى .

ئۇ چاغدىكى مۇھاببەت - ھەقىقى ساپ مۇھەببەت ئىدى .

يەنى - ئۇنىڭ ماڭا بولغان مۇھاببىتىنى ، چاڭ توزانسىز مۇھاببەت دىيىشكە بولاتتى ، ئەگەر مەن ئاشۇ مۇھاببەتكە داۋاملىق ئېرىشەلىگەن بولسام ، ھەقىقي مۇھاببەتنىڭ خاتىرسى ئىچىدە ، ئۆز خۇشاللىقىمنى تاپقان بولاتتىم .

ئەپسۇس ، بەزى چاغدا ھەممە ئىشلار ئويلىغاندەك بولمايدىكەن ، ئاشۇ شىرىن مۇھاببەت قويىندا ياشاۋاتقان كۈنلەردە ئۇ قەشقەر شەھرىگە نەچچە ئايلىق ئۆگىنىشكە كەتتى ، يىگى چىقىرىلغان ئوقۇغۇچىلار گىمناستىكىسىنى يېزىغا ۋاكالىتەن ئۆگۈنىشكە كەتتى .

ئۇ چاغدا مىنىڭمۇ بۇ دىيارغا ماكانلاشقىنىمغا يىرىم يىلدىن ئاشقان بولۇپ ، ئۆيۈمگىمۇ قىشلىق تەتىلدە بىر بېرىپ كەلگەن ئىدىم ، شۇنداق قىلىپ ئۇ ئۆگىنىشكە كەتتى . مەن بولسام بىر خىل ھىسياتتىن يەنى ئۇنىڭ ماڭا دەيدىغان تاتلىق گەپلىرىدىن ، خۇش چاق - چاقلىرىدىن ئايرىلىپ قېلىپ بىر قىسملا بوپ قالغان ئىدىم . ..

http://xerzat.blogbus.com/

ھەر ھالدا ئېككىلىمىز تېلفۇن تۇتۇپ ، تېلفۇندا ، مەكتەپنىڭ كومپيۇتېرىدا تورغا چىقىپ كۆرۈشۈپ تۇردۇق . ئۇ مەزگىللەردە بىز تېخىمۇ يېقىنلىشىپ كەتتۇق ....
كۆز تەككەنگە ئالتە تاياق ،،،دېگەندەك ئۇ ئۇيەردىكى مەزگىلدە ، تۇيۇقسىز سوقۇر ئۈچەي ياللۇغى بولۇپ قېلىپ ، داۋالاندى ، مەن ئۇنى ئاڭلاپ ئۇنىڭغا ئىچىم ئاغرىپ قالدى ، ھەم تېفۇن قىلساملا تەسەللى بېرىپ ، قايتىپ كەلگەندىن كېين ياخشى كۈتۈپ ، ھالىدىن خەۋەر ئالدىغانلىقىمنى بىلدۈردۈم ، ئۇمۇ ئاغرىق بولسىمۇ ئۆز كۆڭلىدە شۇنداق سۆيۈنۈپ كەتكەن ئىدى .
ئۇ ئاغرىپ قالغان كېينكى ھەپتىسى مەن يوقلاپ كىلىش ئۈچۈن ، مەكتەپ مۇدىرىمىزدىن   شەمبە ، يەكشەنبە كۈنگە قوشۇپ يېرىم كۈنلۈك   يەنى جۈمە كۈنى چۈشتىن كېين رۇخسەت قىلىشنى ئىلتىماس قىلىپ بېرىپ كەلدىم ، ئۇنىڭ ھەدىسى ھالىدىن خەۋەر ئالغىلى تۇرۇپتىكەنتۇق ، بېرىپ بىر قاتار سالاملىشىپ بولغاندىن كېين ، ئۇ كىسەل كارۋىتىدا يېتىپ تۇرۇپ مىنى مۇنداق سۆپەتلەر بىلەن تونۇشلۇق بەردى :
- << ئاچا ، ماۋۇ سىنىڭ قېينى سىڭلىڭ بولىدۇ ، تونىشىپ قوي ، ئۆيگە كىرىپ قالسا ئالدىغا چىقىپ قويارسەن >>..
ھەدىسى ھەيران قالدىيۇ ئەمما ئۆزىنى تېزلا ئوڭشىۋىلىپ ،
- << ھە ، بىلدىم ، قولام كۆكسۈمدە >>...
دەپلا ماڭا بىرنى كۈلۈپ قويۇپ چىقىپ كەتتى .
مەن ئۇ چاغدا خىجىلچىلىقتىن ئۇلارنىڭ چىرايىغىمۇ قارىيالمىدىم ، ئۇ بولسا ھەدىسى چىقىپ كەتكەندىن كېينلا قولۇمنى تۇتۇۋىلىپ :
- << ماڭا ئىشىنىڭ زۇلخۇمار ،   كىسەل كارۋىتىدىمۇ سىزنى ئويلاپ ياتتىم ، خۇدا تېزراق ساقىيىشقا نىسىپ قىسا ، ئۆيىگىزدىكىلەرگە ئەلچى ئەۋەتىمەن >>....
مەن ئۇنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ تېخىمۇ بىئاراملىق ھىس قىلدىم ، ئەمما ئۇنىڭ ماڭا

http://xerzat.blogbus.com/

چىن كۆڭلىدىن دەۋاتقانلىقىنى بىلەتتىم .
شۇڭا تەسەللى ، سۆيىتىدە :
- << ئاۋال ساق - سالامەت ساقىيىپ چىقىڭ >>...
دەپ قويدۇم ، ئۇمۇ شۇنداق سۆيۈنۈپ كەتتى ، بىز ئۇكۈنى كەچ چۈشكىچە پاراڭلىشىپ تاكى ھەدىسى كەچلىك تاماق ئېلىپ كىرگىچە پارىڭىمىز تۈگىمەپتۇ ..كەچتە مەن مېھمانخانىغا قايىتتىم ، ئەتىسى چۈشكىچە ھەمرا بولۇپ ، ناھىيگە ماڭىدىغان بىكەتكە قايىتتىم ، تاكى ناھىيگە ، يېزىغا يېتىپ بارغۇچە ئۇنىڭ قولۇمنى تۇتۇپ تۇرۇپ دىگەن شۇ سۆزلىرى قايتا - قايتا كۆز ئالدىمدىن ئۆتتى ....
مەن ئۇ ۋاقىتتا ئۇنى پۈتۈنلەي چۈشۈنۈپ بولغاچقا ، تەلىپىنى رەت قىلغۇچم كەلمىدى ، مىنىڭ ئاتا - ئانامۇ ئۆزۈم ياخشى كۆرىدىغان يىگىتنى تېپىشىمغا قارشى تۇرمايتتى ، ئۇمۇ يالغۇز ئوغۇل بولغاچقا ئاتا - ئانىسى شۇنداق ئامراق ئىكەن ، ئۇنىڭ ئۆستىگە ، مىنىڭ يۆتكىلىش ئىشىمۇ پۈتۈنلەي قۇرۇق گەپ بولۇپ قالدى ، مەن ئەمدى مۇشۇ تەۋەلىككە ئورۇنلىشىپ قالىدىغاندەك تۇراتتىم ، شۇڭا ئۇنىڭ بىلەن توي قىلىپ ، كېيىنچە ناھىيە ئىچىگە يۆتكىلىشىمنى ئويلىشىپ قويغان ئىدىم ....
مەن ئۇ مەزگىللەردە ھەتتا ئاتا - ئانامدىنمۇ كۆپرەك ئۇنىڭ بىلەن ئالاقە قىلىپ تۇردۇم ..
بەلكىم مۇھاببەتنىڭ سىھرى - كۈچى شۇ بولسا كېرەك~~~~~~
مەن كېيىنكى ھەپتىسى يەنە ئۇنى يوقلاپ كىلىش باھانىسى بىلەن يېرىم كۈن رۇخسەت سورىدىم ، چۈنكى ئۇنىڭ ئاشۇ يىقىلىق ھالىتىنى كۆرمىسەم بولمايدىغاندەك قىلاتتى ...
مەكتەپ مۇدىرىمىزنىڭ ئىشخانىسىنى ئاستا چەكتىم :

http://xerzat.blogbus.com/

- << كىرىڭ >>

- << شوجاڭ ، مەن چۈشتىن كېيىن رۇخسەت ئالاي دېگەن >>..

- << ھە ، نېمىشقا ؟ >>

- << قەشقەرگە بېرىپ كېلەي دەپ >>....

- << ئۆتكەن ھەپتە بارغانىغۇ ؟ يەنىما >>..

- << ئۇنىغۇ شۇ ، ئەمدى ، رۇخسەت بېرەرمىكى دەپ سىلىنى >>...

- << ئۇكام ، بارسىڭىز بولىدۇ ، ئەمما رۇخسەتنى تولا ئېلىۋالسىڭىز باشقىلارنىڭ پىكرى چىقىدىكەن ، شۇڭا ئىككى كۈن دەم ئېلىش بولغاندىن كېيىن ، شۇ چاغدا بېرىپ كېلىڭ >>...

- << ئۇنىغۇ شۇ ، ئەمما ئارلىق يىراق ، يېزا بىلەن ناھىيە ئارلىقىغىمۇ كېتىدىكەن يېرىم كۈن ، بۈگۈن ناھىيەگە بارسام ، ئەتىنگەنلىككە ، قەشقەرگە ماڭايمىكىن دېگەن >>...

مەكتەپ مۇدىرىمىز سەل تۇرۇپ قالدىيۇ ئەمما ياق دېگۈسى كەلمەي ، ئەتىنگەنلىككە بىر قانچە خىزمەتچىنىڭ بىللە بارىدىغانلىقىنى بىلدۈرۈپ ، ماڭا رۇخسەت قىلدى ، مەن چۈشتىن كېيىن ناھىيەگە قايتىپ كىردىم ، مەكتەپ مۇدىرى دېگىنىدەك ئەتىسى ئەتىگەن كىرىپ بولدى ، ئەمما ئۇ يالغۇزلا ئىدى ، كۆڭلىگە قايسى شۇملۇقنى پۈكىنىنى مەن نەدىن بىلەي ...

ئۇ ماڭا تېلېفون قىلدى :

- << ھە سىز نەدە ، زۇلخۇمار ؟ >>

- << مەن ياتاقتا ، ھازىر بارىمەن بىكەت ئالدىغا >>...

- << تېزراق كېلىڭ ئەمسە ، ماڭىلى >>..

- << ھە ماقۇل ، خوش >>

تېلېفوننى قويۇپلا ، نەرسىلىرىمنى يىغىشتۇرۇپ ، ئىشىكتىن چىقماقچى بولدۇم ، <

http://xerzat.blogbus.com/

داملىغان قىز تويىدا چىچىپتۇ > دىگەندەك تېخى ، ئۆتكەن ئاي ئالغان پۇتۇمىدىكى ئىنچىكە پاشنىلىق ئاياقنىڭ پاشنىسى بوسۇغىغا تىگىپلا ئاجراپ كەتتى ، ئۇنى سېلىپ ، يەنە ياتاققا قايتىپ كىردىم ، بىردەمدىن كيىن ، مۇدىر يەنە تىلفۇن قىلغىلى تۇردى :

- << ۋەي نەدە ؟ كەممەمسىز ، ساقلاپ كەتتۇق >>

- << هە ، شوجاڭ مەن ... ئايىغىمنىڭ پاشنىسى ئاجراپ كەتتى ، قانداق قىلارمەن >>...

- << هە ، ئەمسە تۇپ تۇرۇڭ ، مەن بىرىپ ئايىغىڭىزنى تىككۈزۈپ ئىپچىقاي ، ئاندىن ماڭىلى بولمىسا كىچىكمىز >>

- << هە ، ماقۇل ، ئاۋارە قىلدىغان بولدۇم ئەمسە شوجاڭ >>،،،،

نەچچە مىنۇت ئۆتمايلا مۇدىر كەپ بولدى ، ئۇ ئىشىكنى يەڭگىل چەكتى ، مەن ئىچىپ ئاياغنى ئىلىش ئۇچۇن تەمشەلدىم ، ئاياغ سالدىغانىغا خلتا ئىزدەۋاتسام ئۇ گويا هەيكەلدەكلا ماڭا قاراپلا تۇرۇپتۇ .

ئاياغنى سېلىپ ئۇنىڭغا ئۇزاتتىم ، ئەمما ئۇ قولۇم بىلەن قوشۇپ تۇتىۋالدى ، مەن بىر قانچە رەت سىلكىپمۇ ، قولۇمنى ئاجرىتالمىدىم ، هەم هۆرمەت تەلەپپۇزىدا ئۇنىڭغا دىدىم :

- << شوجاڭ ، نىم قىغانلىرى بۇ ؟ قويىۋەتسلە ، قولۇمنى >>...

مۇدىر چالا هجييىپ قويۇپ دىدى :

<< ئۇكام ، بىلەكلىرىڭىز بەك ئاقكەن ، بىردەم تۇتىۋالاي >>..

ئۇنىڭ سەت ، يىرىك قوللىرى بىلەكلىرىمگە تىگىشكەن چاغدا ، مەن قانچە قىپمۇ ، قولۇمنى بوشتالمىدىم :

- << شوجاڭ ، قويىۋەتسلە سەت تۇرىدۇ ، ئاياللىرى بار ئادەم ، >>...

- << ئۇكام ، شۇنچە يىراقتىن كىلىسىز ، بىزدەك ئەركەك مىجەز ئوغال باللىنى

http://xerzat.blogbus.com/

تاپالمايسىز جۇما يۇتىڭىزدىن ، بىردەم تۇتۇۋالاي قوللىرىڭىزنى .....>>.....

- << قانداق نۇمۇسسىز ئادەم سىز ؟ مەن سىزنى ئۆز ئاكامدەك كۆرۈپ هۆرمەتلەپ كەلدىم ، بۇ چاققىچە ، قويۇڭ مىنى >>....

- << ئۇكام ، قاندا قىلىمىز ئەمدى ، ماقۇل دىسىڭىز مەن سىزنى هۆرمەتلەيمەن بۇندىن كيىن ، قاچان رۇخسەت دىسىڭىز بىرىمەن ، كيىنچە يۆتكىلىش ئىشىڭىزنىمۇ هەل قىلىشقا يول ماڭىمەن >>....

ئۇنىڭ شەهۋەتپەرەس قوللىرى ، بارغانچە ماڭا چىرماشتى ، مەن ئۇنىڭ بۇ بەتقىلىقلىقىغا چىدىماي قولنى چىشلىۋالدىم ، ۋە ئاچچىقلىغانچە تالاغا قاراپ ماڭماقچى بولدۇم :

- << قويۇەت مىنى ، قاملاشمىغان لامزالله نىمىكەنسەن ، ئۇيالساڭچۇ ؟ سەندەك يارىماسلارنى شوجاڭ قىپ قويغان ئادەمنىڭ كۆزى قارغۇ ، قۇلىقى پاڭكەن ، بىلىمسىز >>....

- << هە ، مەن بىلىمسىز ، سىز بەك بىلىملىك ، مەن شۇ كۆڭۈل ئېچىشنى بىلىمەن ، چىشىڭىنىڭ بارىدا گۆش يە دەپتىكەن ، شوجاڭ ۋاختىمدا سايراتمىسام سىزدەك تومۇچۇقلارنى ، قېرىپ پىنسيگە چىققاندا كىم قالايدۇ مەندەك موك - موكقا >>...

دەپلا يەنە مىنى . تۇتۇۋالدى ، مەن ئۇنىڭ بۇ گېپىدىن شۇنداق يىرگىنىپ كەتتىم ، بىز ئۆزىمىزنى شۇنداق ئىسىل سۆزلەر بىلەن تەرىپلەيمىزيۇ - << يىنىپ تۇرغان چىراق ، هاياتلىك بەرگۈچى بۇلاق >>...

دىگەنگە ئوخشاش ، ئەجىبا مۇشۇنداق نىجىس لارمۇ شۇ قاتارغا كىرەرمۇ ؟

شۇ پەيتتە ، ئاچچىقىمدا ئۇنى بىر تەستەق سالپتىمەن ، كيىن نىملەرنى دەپ تىللىغىنىم ، ئىسىمدە يوق ، ئەمما ئۇ مەرەز مىنى تۇتۇۋىلىپ ، تۇرلۇك باهانى سەۋەپ ، تەهتىلەرنى كۆرستىپ تۇرۇۋالدى .

مەن قارشىلىق قىلىشنىڭ پايدىسىز ئىكەنلىكىن بىلىپ ، ئۆتىنىشكە باشلىدىم :

http://xerzat.blogbus.com/

- << قويۇتلك بولامدۇ ؟ مەن يىقىندا توي قىلىدىغان ئادەم ، بەختىمنى ۋەيران قىلماڭ ، سىزنىڭ مۇشۇ   تەلىپىڭىزدىن باشقا قانداق شەرتىڭىز بولسا ئورۇندايي >>...

- << ئۇكام ، ماقۇل دەڭ ، ئۇنىڭغا ئامال بار ، توي كېچىسىدىن خاتىرجەم ئۆتۈپ كېتىسىز ، كېيىندىغان خىراجەتنى مەن بېرىمەن ، يېرىم سائەت دوختۇرخانىدا ياتسىڭىزلا يىگىتىڭىز سىزدىن گۇمانلانمايدۇ >>...

- << خۇدا يولىدا بولسىمۇ ، ئۇنداق قىلماڭ ، مىنى ياشىغىلى قويۇڭ >>...

- << ئۇكامھوي ، ئوقۇتقۇچى تۇرۇپ ، دىنىي سۆزلەرنى ئىشلەتمەڭ خاتالىشىپ قالىسىز >>...

ئۇنىڭ بۇ گېپى جىنىمدىن ئۆتتى ، ئۆزۈمنى تۇتالمىغان ھالدا دەپ سالدىم :

- << ۋاي نۇمۇسسىز ، بۇ گەپ قانداق چىقتى ئاغزىڭىزدىن ، ۋىجدان دىگەن نەردە يوقما سەندە ؟ دىنىي سۆزلەرنى ئىشلەتسە بولمايدۇيۇ ، سەندەك نۇمۇسسىزلىق قىلسا مەيلىما ، ھۇ بۇزۇق >>....

مۇدىر يىپىشۋالدى :

- << ھە ، مەن بۇزۇق ، كىلىڭە ئەمسە تولا ، چار يىلاندەك تولغىشىپ نازقىلماي ، بۇزۇقلۇقنى قىلايلى >>...

مەن ئۇنىڭ قولىنى چىشلەپ ، بوشىنىپ سىرتقا قاچاي دەپ شۇنداق ئىغىزىمنى ئۆزۈتۈشۈم ، قانداقتۇر بىر نەرسىنىڭ ئىغىز - بۇرنۇمغا تەككەنلىكىنى ھىس قىلدىمىۇ ، قاراپ بىلىپ بولغۇچە ، كۆزلىرىم نۇرىنى يوقتىپ ، ئاللىقاچان بىھوش بولۇپ قاپتىمەن .

كىيىن مەن ھوشىمسىز ، ئۇ ئەبلەخ ھسىياتىمدىن پايدىلىنىپتۇ ، ھوشۇمغا كىلىپ ئۆز - ئۆزۈمدىن نۇمۇس قىپ كەتتىم ، مىھمانخانا ياتىقىدا نىپىز يۇڭ ئەدىيال ئىچىدە يېتىپتىمەن ، ئۇ چوشقا ئەبلەخ بولسا ئاللىقاچان تىكىۋەتكەن ئىكەن ، ئۇ چاغدا

http://xerzat.blogbus.com/

قەشقەرغىمۇ بارمىدىم ، يېرىم كۈن ياتاقتا يىغلاپ كۈن ئۆتكۈزۈپتىمەن ...

دۈشەنبە كۈنىمۇ ئىشقا بارمىدىم ، چۈشتىن ئىراق تۇرسام تېلفۇن كەلدى ، ئالسام مۇدىر دىگەن چوشقا :

- << ۋەي ، زۇلخۇمارما ؟ قاندا ئەھۋالىڭىز ؟ ياخشى تۇردىڭىزما ؟>>

ئۇنىڭ بۇ گەپلىرى ماڭا يىڭنە سانجىغاندەك بىلىنىپ ئاغزىمنى بۇزۇپ كەتتىم :

- << قايسى يۈزۈڭ بىلەن تېلفۇن قىلدىڭ ماڭا ، ماز پاينەك ... يوقال كۆزۈمدىن >>....

دەپلا تېلفۇننى ئەتتىم ، ئۇ يەنە تېلفۇن قىلدى :

مەن تىللاشقا تەملىشىپ بولغۇچە ، ئۇ تىزلا سۆزلىۋالدى :

- << ھە ، ئىسپات با جۇما مەندە ، نوچىلىق قىممايلى >>...

ئۇنىڭ بۇ گىپىدىن بىردە ھەيران قالسام ، بىردە تەشۋىشلىنىپ سورىماقچى بولدۇم :

- << نىمە ئىسپات ئۇ ؟ >>

- << ھە ئاۋال مەكتەپكە چىقىڭ ، ئاندىن دەيمەن >>

- << ھې ، منى ئالدىما ، مەكتەپكىمۇ چىقمايمەن ، سىنى ئەرىز قىلىمەن >>

- << نەگە ؟ چۈشەپ قاپسىز ماقما يا ؟ ئەرىز قىلامىش ، ھوزۇرلىنىپ ئۇخلىغان يەلىرىڭىزنىڭ تېلفۇنۇمدا ئالغان سۈرىتى بار ..ئاتا - ئانىڭىزغا ، ھېلقى كىسەلچان سۆيۈملۈكىڭىزگە ئەۋەتەيما >>....

ۋاي خۇدايىم ، ماڭا نىمە كۈن ئەمدى ؟ - ئۇ ھايۋاننى بۇنداق ئىشنى قىلمايدۇ دىگىلى بولمايتتى ...

شۇڭا مەن ئالدىراپلا مەكتەپكە قاراپ يول ئالدىم ، چىققۇچىلىك قانچىلىق تەشۋىشلەنگىنىمنى ئۆزۈممۇ ئۇقمايمەن ، يولدا كىتىپ بارسام تېلفۇن كەلدى ، قارسام منى يوقلاپ كىلىدۇ دىگەن ئۈمۈتتە دوختۇرخانىدا ياتقان يىگىتىم ...

http://xerzat.blogbus.com/

ئۇنىڭغا نىمە دىيىشمنى بىلەمستىن ھاڭبېقىپلا قالدىم :
- << ۋەي ، زۇلخۇمارما ؟ ھە - كەمىدىڭىزغۇ ؟ نىمە بولدى ، تىلفۇن قىسام ئالدىراش دەيدۇ ، يا ماڭا قىممايسىز ؟...
- << ۋەي ، گەپ قىلىڭە ئامرىقىم .... نىمە بولدى >>.....
ئۇ شۇنداق دەۋاتقاندا كۆزلىرىمدىن يەنە ياش ئېقىپ كەتتى ، ھىجران ئازابىدا ئۆرتىنىۋاتقان يۈرىكىم ، ئىچىمنى ئېچىشتۇرۇپ تىلىم ، سۆزگە كەلمىدى ...
ئۇ مەندىن بىمە بولدىڭىز ؟ دەپ سوراۋەرگەچكە ئاخىرى ، - << دادام كىسەل بوپ قاپتىكەن ، شۇنى ئويلاپ ... ئەسلى بارتىم ، دادامغا دورا بىر نەسلەرنى ئېلىپ يولغا سەپ قوياي دەپ بارالمىدىم >>.....
- << ھە بوپتۇ ئەمسە ، تىلفۇن قىپ تۇرۇڭ ، دادىڭىزغا مەندىن سالام ئېيتىڭ ، ھېلىغىچە تىلفۇن قىلاي ، ئۇكۇل سالدىكەن >>....
مەن ئۇنىڭغا خوشمۇ دىيەلمىدىم .....
ياشلىرىم مەڭزىمنى سىرغىپ ، شامالدا يۈزلىرەمنى تاتىشتۇرۇۋەتكەن ئىدى .
قاچانلاردا چىقتىمكىن ، يېزىغا چىقىپ بوپتىمەن ...
مەكتەپكە كىرسەم باشقىلارنىڭ خاتا ئويلاپ قېلىشىدىن قورقۇپ ، ئامالسىز ياشلىرىمنى توختۇتۇپ ، ئۆزۈمنى تۈزەشتۇرۇپ مەكتەپكە كىرىپ كەلدىم ...
ھەم ئۇدۇللا مۇدىر ئىشخانىسىغا كىردىم ، ئۇ ۋىجدانىسىز شوجاڭ مىنى ساقلاپ تۇرۇپتىكەندۇق ...
بىز بىر مەھەل سوقۇشتۇق ، ئەلۋەتتە تۆۋەن ئاۋاز بىلەن ،،
ئۇ ماڭا ، مىنىڭ سىنئالغۇ كۆرىنىشىمنى ئېلۋالغانلىقىنى ، باشقىلارغا دىسەم ئاشكارلاپ يۈزۈمنى چۈشۈرىدىغانلىقىنى ھەم يەنە بىر قانچە قېتىم تەلىپىگە قوشۇلمىسام بولمايدىغانلىقىنى ئېيتىپ تەھتىت سالدى ، مەن قارشىلىشىپ بېقىپ ئامالسىز ، شەرتىگە كۆندۈم ، بەلكىم مەن ئەمەس باشقا بىرسى بولسىمۇ شۇنداق

قىلار بولغىيتى ...

ئۇ كۈنلەر بولسا مەن ھەم مۇھابىبەتنى ھەم ھىجراننى كۆتتۇۋالغان ، بىرنى ئوڭ قولۇمدا ، بىرنى سول قولۇمدا تۇتۇپ تۇرغان كۈنلىرىم بولدى .

بەلكىم قىلغىنىم خاتادۇر ، ئەمما بەزىبىر تەھىتتلەر مىنى راسلا ئامالسىز قويغان ئىدى ، ئىپلاس شوجالڭ ھەر قېتىم ماڭا چېقىلغان چاغدا :

- << خاتىرجەم بولۇڭ ، مەن بار ، ئوڭشۇشلۇق توي قىلالايسىز >>....

دىگەنىدەك ياغلىما گەپلەرنى قىلىپ مىنى بەزلەيتتى ، مەن بولسام پاك سۆيگۈگە ئىختىيارسىز قونغان بۇ چاڭدىن سەسكىنىپ بىزار بوپ كەتكەن ئىدىم .

ئاردىن بىر قانچە ئاي ئۆتۈپ مىنى سۆيىدىغان ئادىدىمۇ قايتىپ كەلدى ، ئۇ مىنىڭ بۇرۇنقىدەك ئېچىلىپ تۇرغان چىرايىمنى كۆرمەيۋاتقانلىقىنى ، سەۋەبىنى سوراپلا تۇردى . مەن بولسام تۈرلۈك سەۋەپلەرنى كۆرستىپ تۇرۋالاتتىم ...

شۇ كۈنلەردە مەن ئىككى خىل خىيالدا قالدىم بىرى ، سۆيگەن يارىم بولغاندىكىن ئېنىق ئىشنى ئېيتاي ، مىنى كەچۈرىشى مومكىن ، يەنە بىرى ، كەچۈرمەي قالسا ، ئۆزۈمگە سەت ....

شۇ خىياللاردا ئاخىرى يەنە مۇدىر دىگەن بەتبەختنى ئىزدىدىم ، ھەم ئۇنىڭغا يىقىندىلا توي قىلىدىغىنىمنى ، ماڭا ئىگە بولىشىنى تەلەپ قىلدىم .

ئۇ ماڭا يول كۆرستىپ : ئاتالمىش << قىزلىق ئوپىراتسىيىسى >> نى قىلدۇرسام ھىچقانداق چاتاق چىقمايدىغانلىقىنى ، چانمۇغۇدەك ئۆتكەلدىن ئۆتۈك كىتىدىغىنىمنى ئېيتتى ...

ئۇنىڭ بۇ مەسلىھەتىدىن كۆڭلۈم شۇنداق ئېلىشىپ كەتتى ، ھەم ئۇنىڭغا شۇنداق ئۆچلۈكۈم كەلدى ، نىمە ئامال ئۇ ماڭا تەھدىت سېلىپلا تۇردى ، مەن بولسام ئۆز سۆيگۈمنى ساقلاپ قېلىش ، ھەم مەن سۆيگەن مىنى سۆيگەن ئاشۇ ئاشىق يىگىتنىڭ

http://xerzat.blogbus.com/

خۇشاللىقى ئۇچۇن ئۇ مەسلىھەتكە قوشۇلدۇم .
گەرچە ئۇ بىر چوڭ ئالدامچىلىق ھەم پەسكەشلىك بولسىمۇ ، ئەمما مەن ئۇچۇن بىردىنبىر چىقىش يولى ھېساپلىناتتى ، چۈنكى مەن ئۇ ۋاقىتتا سۆيگۈ شارابىدىن بىھۇش بولۇپ ، پۈتۈنلەي ئاشىقىمنىڭ سۆيگۈسىنى قوبۇل قىلىپ بولغان ئىدىم ...
نەچچە كۈندىن كېيىن مەن ئازراق سالامەتلىكىمنى تەكشۈرتۈش باھانىسى بىلەن ناھىيىلىك دوختۇرخانىغا كىرىپ چىقىش قارارى بىلەن ناھىيىگە كىردىم ، يىگىتىم بىللە كىرىلى دەپ شۇنچە دىسىمۇ ئۇنىمىغانتىم ، ئۇمۇ پىكرىمگە ھۆرمەت قىلىپ قېپ قالدى ، مەن بولسام ئۇنىڭ پاك سۆيگۈسىنى ئالداش ئۇچۇن كىتىپ بارىمەن ....
شۇنداق قىلىپ مەلۇم بىر شەخسى دوختۇرخانىغا كىردىم ، كىچىك تەكشۈرۈشلەرنى تاماملاپ ، ئوپىراتسىيە ئۆيىگە ئەكىرىلدىم ، ناركوز ئۇكۇلى ئۇرماقچى بولۇپ ئۇنى ئېلىپ كەلدى ، مەن دەل شۇ چاغدا كۆزۈمگە ئىشەنمەيلا قالدىم ، ئۇكۇلنى ئەكەلگىنى مەن ياتلىق بولماقچى بولغان يىگىتنىڭ ھەدىسى يەنە كېلىپ ھېلقى دوختۇرخانىدا مىنى تونۇشتۇرغان ھەدىسى بولماسمۇ .... مىڭەمدىن تۈتۈن چىقىپ كەتتى ...
ئۇمۇ مىنى كۆرۈپ جايىدا قېتىپلا قالدى ، مەنمۇ لام جىم دىمەستىن ھېچنىمنى سەزمەپتىمەن ، كېيىن ھۇشۇمغا كېلىپ قارىسام مەن ئالداپ قويغان ، كۆزىنى بويىماقچى بولغان سۆيۈملۈك يىگىتىمنىڭ ئالدىدا يېتىپتىمەن ، ئۇ بولسا كۆزلىرىنى چەكچەيتىپ ماڭا قاراپلا تۇرغان ئىكەن ، ناركوز ئۇكۇلى بەدىنىمگە ئەمەس ، روھىمغا ئۇرۇلغانمۇ نۇمۇسچىلىقتىن ھۇشۇمنى يوقۇتۇپتىمەن ...
ئۇ مەندىن بۇ ئىشنىڭ تېگى تەكتىنى ئېنىقلاش ئۇچۇن سورىدى ، چۈنكى ھەدىسىنىڭ بۇنداق ئىشلاردىن خەۋىرى بولغاچقا ئۇنىڭغا دەپ بولغان ئىكەن ، لىكىن ئۇ ماڭا ئۆيىدىكىلىرىنىڭ بىرەرسىنىڭ دوختۇر ئىكەنلىكىنى ئېيتمىغان

http://xerzat.blogbus.com/

ئىدى ...
مەن نىمە دىيىشىمنى بىلمەستىن دەردىمنى كۆزىمدىن ئالدىم ، كۆز ياشلىرىم تاراملاپ چۈشتى ...
چۈشەندۈردۈم ، نالە قىلدىم ، ئۇ پەقەتلا ئىشەنمىدى ، ئۇ پەقەت مەن يوق پۇرسەتتە باشقا بىرسى بىلەن كۆڭۈل خوشى قىپسەن دىگەن پىكىردە چىڭ تۇردى . مەن داۋاملىق ئۆزۈمنى ئاقلاش پوزىتسىيىسىدە بولدۇم ، ئاچچىقتا چىدىمىغان بىچارە يىگىتىم ئاخىرى ماڭا قول تەككۈزدى ، ئۇنىڭ توپ ئويناپ پىششىپ كەتكەن قوللىرى شۇنچە قاتتىق ...
ئۇ تاكى ھېرىپ ھالىدىن قالغۇچە مىنى ئۇرۇپ كەتتى ... گەرچە شۇنداق ئاغرىق ھىس قىلغان بولساممۇ ئەمما قىلچىلىك قارشىلىق كۆرسەتمىدىم ، بۇنى ماڭا بەرگەن جازايى دەپ ئويلىدىم خالاس !

ئۇرۇپ دەردى چىقمىغاننى ئاز دەپ بۇ ئىشنىڭ ئىگىسىنىڭ كىملىكىنى سوراپ تۇرىۋالدى ، مەن ئاخىرى ئىقرا بولدۇم ، ئەمما ئۇ چاغ ئۇ مەندىن پۈتۈنلەي سوۋۇپ كەتكەن بولۇپ ، ماڭا قارايدىغانغىمۇ كۆزى يوق ھالەتتە ئۆچ بولۇپ كەتكەن ئىدى .
كىيىن ئۇ مۇدىرنىڭ ئالدىغا بىرىپ بۇ ئىشقا چېتىشلىقى بارلىقىنى يۇقىرى ئىدارىلارغا پاش قىلىپ چاۋىسىنى چىتقا يايماقچى بولغانلىقىنى ئېيتىپتۇ .
ئىپلاس ، مۇدىر بەزىبىر بولمىغۇر ئىشلارنى كۆرستىپ ، ئۇنداق قىلسا ئۆزىگە سەت بولىدىغانلىقىنى جىكىلەپ تۇرۋاپتۇ ،
كىيىن يىگىتىمنىڭ كومپيۇتىردىن خەۋىرى بولغاچقا ئىچىدىكى مەزمۇننى ئېلىپ ، يۇقىرى دەرىجىلىك ئورۇنلارغا تۇتۇپتۇ ، نەچچە كۈندىن كىينلا مەرەز مەكتەپ مۇدىرى ھوقۇقىدىن ئەپ تاشلىنىپ ، ناھىيە دەرىجىلىك يىغىندا ئاشكارە ئىلان

http://xerzat.blogbus.com/

قىلىنىپ ، يۈزى پوق بولدى ...
مۇھاببەتتە زىيان تارتقان يىگىت بولسا دەرىت ئەلىمىنى سىغدۇرالماي ، كەيىپ - ساپانى بولدى دىگۈچە قىلىپ دەردىنى ئۆزىدىن ئالغان گەپ .
مەن ئۇ ئارىدا ئىشقىمۇ چىقمىدىم ، ناھىيەدىكى بىر دوستۇمنىڭ ئىجارە ئۆيىدە سولىنىپلا ، يىغلامسىراپ ئولتۇردۇم ، مۇھاببەت ئىشقىدا كۆيىۋاتقان يۈرىكىمگە قارشى چىقالماي ، يۈزۈمنى قېلىن قىلىپ ، سۆيگەن يىگىتىمگە تىلفۇن قىلدىم - ئالمىدى ، خەت يازدىم - جاۋاپ يوق ، ئارىغا ئادەم سالدىم - ھىچبىر پايدىسى بولمىدى . ئۇنى نەچچە رەت ئىزدىگەن بولساممۇ كۆرىشكىلى ئۇنىمىدى ، ئەڭ ئاخىرقى قېتىم كۆرىشىشىمنى ئىپتىپ خوشلاشماقچى بولغىنىمدا :
- << قايسى يۈزۈڭ بىلەن كەلدىڭ ، سىنىمۇ ئادەم دىگىلى بولسۇنمۇ ؟ سەن دىگەن بىر بۇزۇق شۇنداقما ؟ بولمىسا نىمە قىلىسەن ئۆزەڭنى جاڭشۇ قىلدۇرۇپ >>.....
ئۇنىڭ باشقا گەپلىرى ئىسىمدە قالماپتۇ ، پەقەت مۇشۇ گەپلەرنى دەپلا شاققىدە تۈكۈرۈپ قويۇپ كىتىپ قالدى .
ئۇنىڭ ئۇ گەپلىرى مەن ئۈچۈن ئۆلۈمدىنمۇ چوڭ ھاقارەت ئىدى ، مانا بۇ چىن مۇھاببەتنىڭ جاۋابى .
ئەتىسى كاللام ھىچنىمىگە ئىشلىمەيدۇ ، قولۇمغا خاتىرە ، قەلەم ئىلىپ بىز دائىم پاراڭلىشىپ ئولتۇرىدىغان سۈزۈك ئېقىن بويىغا بېرىپ دەردۇ ھەسرىتىمنى يازماقچى بولدۇم ، ئەمما كاللام قۈپقۇرۇق ، نىملەرنى يازغىنىمنى ئۇقمايمەن...

مۇھاببەتتىن ، تۇرمۇشتىن زەربە يىگەن مەسۇم قىز ئۆز قىلمىشىنىڭ بولۇپمۇ ، < قىزلىق ئوپىراتسىيەسىنىڭ > ئاشكارلىنىپ بۇنچە چوڭ خەۋەر ھەم بىچارە ھالغا ئايلىنىپ قالىدىغىنىنى چۈشىدىمۇ كۆرمىگەن ئىدى ، تاكى سۆيگەن يىگىتىدىن باشقا بىرسىگە قولىنى تۇتقازمىغان پاك قىز ، ئىپلاس مەكتەپ مۇدىرىنىڭ قولىدا ۋەيران

بولدى.....

ئۆنىڭ بىھۇش ياتقان ھالىتىمۇ ئاللىقاچان قىززىق نوختا بولۇپ مائارىپ سىستىمىسىنى زىلزىلىگە كەلتۈرۈۋەتكەن ئىدى .

ئۆز سۆيگىنى ئىشەنمىگەن ھالدا باشقىلار قانداقمۇ ئىشەنسۇن ، بەربىر قىز قارىلىنىپ بولدى .

ئۆز نىشانىنى يوقاتقان بىچارە قىز ئاقىۋەت مۇنداق بىر ھاماقەتلىك قىلدى .

ئاستا ھەم ئېغىر قەدەملىرى بىلەن < جۇڭگو بانكىسى > نىڭ بۇ ناھىيىدىكى تارماق شۆبىسى بىناسىنىڭ 5 - قەۋىتىگە چىقىپ ئۆزىنى تاشلىۋالدى ، نەخ مەيداندىكى كىشىلەر قۇتقۇزۇۋېلىشقىمۇ ئۈلگۈرەلمىدى ....

پەقەتلا نەچچە سىكۇنتلىق سۈرەتلەرنى تىلفۇنغا ئېلىۋاپتۇ خالاس !

نەچچە كۈندىن كىيىن ئۇ نەخ مەيدان سۈرەت ، تورلاردا ئىلان قىلىنىشقا باشلىدى ، ھەم قىززىق تىما بولۇپ قالدى ، ئۆلگۈچى قىز مىنىڭ دوستۇم ھەم ساۋاقدىشىم بولۇش مۇناسىۋىتى بىلەن مەن ئۆنىڭ ئىش ئورنىغا بېرىپ ھېلقى كۈنى يازغان خاتىرسىنى ۋە باشقا تۇرمۇش لازىمەتلىكلىرىنى تاپتىم ، مۇھاببەتنىڭ بۇيۈك داستانى ۋە قۇربانى يېزىلغان خاتىرە ۋاراقلىرىنى ۋاراقلاتقان ھالدا ئېقىن سۇ بويىدا تۇرۇۋېتىكەن....

مەن ئۆنىڭ بىر قىسمىنى ئۆز تىلىم بويىچە بايان قىلدىم ، بىر قىسمىنى ئۆز تىلى بويىچە بايان قىلدىم ، مانا تۇرمۇش دىگەن شۇ ~~~~

كۆلپەتلەرمۇ ، خۇشاللىقلارمۇ تەڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ ....

بىچارە قىز ئۆز ھاياتىنى قۇربان قىلىش بەدىلىگە سۆيگەن يىگىتىدىن كەچۈرۈشنى ئۈمۈد قىلدى ، ئەمما تولىمۇ كىچىككەن ئىدى ، چۈنكى ئاشىق يىگىت ئاللىقاچان نەشى نىڭ كارامىتىدە يېرىم ساراڭغا ئايلىنىپ بىھشباغ قا ئاپىرۇۋېتىلگەن ئىدى ... ھېلقى ئۆلمىگۈر شوجاڭ بولسا بۇ ۋەقەلەر چىققاندىن كىيىن يەر تېرىشقا مەجبۇر

http://xerzat.blogbus.com/

بولدى ، مائاش نەدە ، راھەت نەدە ؟
خەلقى ئالەم ئالدىدا يۈزى پوق بولغان شوجاڭ ، ئايالىدىن ئاجرىشىپ يالغۇز قالدى ، ئەلۋەتتە بۇ جازا ئۇنىڭغا ئازلىق قىلاتتى ، چۈنكى ئۇ كونا كەسىپ ئەھلى بولۇپ شۇنداق يول بىلەن بىرقانچە خانىملارنى ئىندەككە كەلتۈرگەن ئىدى ....
يىراقلاردىن ئۇچۇپ كەلگەن مۇھاببەت گۈلى ئۆز قەدرى - قىممىتىنى يوقۇتۇپ ، پەسىلسىزلا توزۇپ كەتتى ، قىزنىڭ يىگىتكە بولغان مۇھاببىتىگە يول چىقمىدى ، ھەممە كىشى ئۇنىڭدىن نەپرەتلىنەتتى ، ھېچكىم خاتالىقنىڭ زادى كىمدە ئىكەنلىكىنى ئايرىيالمىدى ، بىر جۈپ ياشنى ۋەيران قىلغان مۇھاببەت نىڭ ئاخىرى مۇشۇنداق بولدى .....

http://xerzat.blogbus.com/